مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى

ئايلىق سىياسىي گېزىت

1995

۶ - ئاي

٥ - سان




## شەرقىي تۈركىستان، تۈركىيە ۋە خىتاي

ئەركىن ئالپتېكىن



نۆۋەتتە، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى لىدەرىمىز ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن تارىخ سەھنىسىدىن يوق بوپ كېتىش تەھلىكىسىدە قالغانلىقىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» (بۇندىن ۵ يىل بۇرۇن قۇرۇلغان)، «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ئىتتىپاقى» (بۇندىن ئون يىل بۇرۇن قۇرۇلغان)، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىك بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى - ئۇ.ن.پ.ئو» (بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن قۇرۇلغان) قاتارلىق تەشكىلات، جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

داۋامى ۲ - بەتتە

## قەھرىمان ماراش خەلقى ھەيران قالدى



داۋامى 3 - بەتتە

## ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن خىتايغا قارشى نارازىلىق بىلدۈردى

ئۆز خەۋىرىمىز: شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۶ - ئاينىڭ ۱ - كۈنى يەنە بىر قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقى شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم ئىس - تۈتەكلىرى بىلەن چاڭ - توزانغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىخىنىڭ ۋابا تەھلىكىسىدە ئىزىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى ھىمايىچىلىرى ئۇنىڭغا قارشى ئىنكاس كۆرسىتىشى كېرەك».

داۋامى ۶ - بەتتە

## بېيجىڭ دالاي لامانى توزاققا چۈشۈرمەكچى



دالاي لاما خىتاينىڭ تەكلىۋىگە ھوشيارلىق بىلەن دىققەت قىلماقتا.

(ئەنگلىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى ماقالىسى). ماۋزۇسى: بېيجىڭ دائىرلىرى دالاي لامانى توزاققا چۈشۈرمەكچى

1959 - يىل 3 - ئايدا تىبەت خەلقى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىدى. ئەمما، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى نەچچە ئون مىڭ تىبەت خەلقىنى ۋەھشىلەرچە قىرىپ تاشلىدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تىبەت خەلقىنىڭ دىنىي، سىياسىي لىدەرى دالاي لاما



خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېت ئەزاسى، قىسمەن-لىك خىتاي قورچىقى خىتايغا ۋاكالىتەن دالاي لامانى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلماقتا.

داۋامى 3 - بەتتە

# ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن خىتايغا قارشى نارازىلىق بىلدۈردى

بېشى 1 - بەتتە

ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن ئاتوم سىنىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرۈۋاتقان پاجىئەلىرى توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: «خىتاي 35 مىليون تۈرك يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا 1964 - يىلدىن بۇيان 42 قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ باردى، بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يامانلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كەڭ تەبىئەت ھالاك بولۇۋاتىدۇ، ھاۋا بۇلغىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە يۈزدە ئوندىن كۆپرەكى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولماقتا. 1964 - يىلدىن بۈگۈنگىچە ئاتوم رادىئاكسىيونىنىڭ تەسىرىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ سانى 210 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. نۆۋەتتە لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مېيىپ تۇغۇلۇش نىسبىتى كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ. قولى يوق، پۇتى يوق، ئىككى باشلىق، بۆرەكسىمان، بېشى يوق، مۆڭ ۋە پالاچ تۇغۇلغان بوۋاقلار، ئىنسانلارنى بېھۇش ئىقتىدارىدىن ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان خاراب مۇھىتقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ......».

ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن دۇنيا 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ مۇستەملىكە خەلق تېررورىستۇر سىياسىدە ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىشىنى توختاتمىغانلىقى، «ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەنلىك» دېدى.

# خىتايدا ئىستىنىڭ قالايمىقانچىلىقى

(ئامېرىكا «خارالد ترىبۇنە» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى ماقالىسى)، ماۋزۇسى: «خىتايدا ئىستىنىڭ قالايمىقانچىلىقى» (ئاپتورى: دوكتور دروگلادنەي).

خىتايلار «جۇڭگودا 56 ئازسانلىق مىللەت بار» دەپ ئېيتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چېگرا بويلىرىدا ياشايدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلار، تىبەتلىكلەر، ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلار مۇستەقىللىق داۋاسىنى قىلىۋاتىدۇ. جۇاڭزۇ، يىزۇ، بەيزۇلار يۈكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئېھتىمۇ ھەم بولغىنى خىتايلار تەرىپىدىن «ھازىرغىچە خەنزۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مىللەتلەر (مانجۇلار) ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. نەتىجىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى مانجۇلارغا 18 يېڭى رايون قۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خىتايدىكى 8 ئازسانلىق مىللەت ئۆز ئالدىغا رايون ھوقۇقىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. گۇاڭجۇ قاتارلىق بىر قىسىم ئۆلكىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇپ ئۆتۈشنى ئەزەلدىن خالىمايدۇ. بۇخىل ئەھۋاللار يېقىن كەلگۈسىدە خىتايدا كەمكىن ھالدا ئىستىنىڭ قالايمىقانچىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

# خىتايلار بالا تۆرەلمىسىنى يەيدۇ

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى خەۋىرى). يېقىندا، خىتاي دوختۇرلىرى ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەندىشىدار بولغان ئاياللارنىڭ قورساقتىكى بالا تۆرەلمىسىنى يېيىش ۋە تەلەپ قىلغانلارغا سېتىپ بېرىش «تىجارىتى»نى ياراتتى.

شىياڭگاڭدا چىقىدىغان ئىنگلىزچە «شەرق تېزتراسپورتى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە، خىتاينىڭ جەنۇبىي ئۆلكىسىدىكى بىر دوختۇرنىڭ ياخشى ياشاش، ئۆزىنى ياخشى كۆتۈش، ھاياتىنى قەدىرلەشتە قورساقتىكى بالا تۆرەلمىسىنى ساپ ئېلىپ يېيىش كېرەك، بۇ يېڭى بايقالغان ئەڭ پايدىلىق قۇۋۋەت» دەپ ئېيتقانلىقىنى بايان قىلغان.

بىر كۈن تىكىلىنۇر ھۆرلۈك بايرىقىم،
قات - قات ئېچىلۇر گۈللۈك ياپرىقىم،
تىكىلمەكتە تەبىئەت شۇ گۈزەللىككە،
قۇلاق سېلىپ گۈزەل ئېيتقان غەزەلگە.

# تاتارلار مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ

(تۈركىيە «زامان» گېزىتىنىڭ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى خەۋىرى). تاتارخەلقى روسىيىنىڭ چېچىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا قۇراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، فاشىستىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى قاتتىق قارىغۇردى. چۈنكى، ئۇلار تاتارىستاننىڭ ئەۋلادلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى، ۋە شۇنىڭدىن كېيىن روسلار ئىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك تەلەپ قىلغانلارنى قانلىق باستۇرغانلىقىنى نەسىلدىن - نەسىلگە ئاڭلىتىپ كەلمەكتە.

تاتارخەلقى روسىيىنىڭ چېچىن جۇمھۇرىيىتىگە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىنى روس كېڭەيمىچىلىكىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىماقتا.



تاتارلار ئەۋلادلارنىڭ 1552 دە تاتارىستان پايتەختى قازانغا باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى دۇنياغا ئاڭلاتماقتا.

# ئازسانلىق مۇسۇلمانلار ئەركىن ئالپ تېكىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى

ئۆزخەۋىرىمىز: كەشمىر، فىلىپپىن، بىرما قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپ تېكىنگە خەت يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز باشقىلار تەرىپىدىن ناھايىتى قاتتىق ھاقارەتكە ئۇچراۋاتىمىز. بۇ ئەھۋالدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مەلۇمات سۇنۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز».

ئۇنىڭدىن باشقا، لوندوندىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلار تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە ئىسلام ۋەخپى قاتارلىق ئورۇنلار ئەركىن ئالپ تېكىنگە خەت يېزىپ، ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دەردىنى خەلقئارىغا بىلدۈرۈش جەھەتتە، ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە دەۋەت قىلدى.

بۈگۈن دۇنيادا تەخمىنەن بىر مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان بار، مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان 400 مىليون مۇسۇلمانلار باشقىلار تەرىپىدىن «ئازسانلىق مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى مۇنداق: ئاسىيادا 300 مىليون، ئافرىقىدا 70 مىليون، ياۋروپادا 15 مىليون، ئامېرىكىدا 5 مىليون ۋە ئاۋستىرالىيىدە 500 مىڭ.

# قىسقا خەۋەرلەر

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى خەۋىرى). بۇيىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا بىر كۆمۈر كانى پارتىلاپ 16 ئادەم ئۆلگەن، 60 ئادەم كان ئاستىدا قېلىپ يوقاپ كەتكەن.

===============

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى خەۋىرى). بۇيىل سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كەلگەن 45 پاكىستانلىق ھاجىلار قاتتىق ئىسسىقتىن ئۆلگەن. بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ئۆلگەن ھاجىلارنى «جەننەت - ئۇل باقى» مازارلىقىغا دەپنە قىلدى.

## بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان

بېشى 7 - بەتتە

بىز ئىگىللىگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى بارىن قوزغىلىڭىدا 15 مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشقان ئۇلار «ئەركىن، دېموكراتىك شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرغان.

ئاققان قانلار، ئەلۋەتتە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدۇرىدۇ!

## ماناس داستانى تۈركىيە سەھنىلىرىدە



(«تۈركىيە گېزىتى»نىڭ 1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى خەۋىرى). يېقىندا قىرغىزستان سەنئەت ئۆمىكى تۈركىيەگە كېلىپ 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە ماناس داستانىدىن ئويۇنلار كۆرسەتتى. ماناس داستانى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە داستانلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرك دۈشمىنى بولغان خىتاي، قالماق تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى باتۇرلارچە كۆرەش قىلغان پائالىيەتلىرى داستان قىلىنغان.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەنئەتچىلەر ئىستانبۇلنىڭ باقىركۆي مەدەنىيەت زالىدا ئويۇن كۆرسەتكەندە، ناھايىتى كۆپ سانىدىكى تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتچىلىرى، ئالىي مەكتەپ تارىخچىلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تۈركىيە سەنئەتچىلىرى قاتناشتى. باقىركۆي مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇدىرى تۇنجاي چېچەك ئوغلى مۇنداق دېدى: «يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك، ھەمكارلىقى ئەمەلگە ئاشىدۇ. تۈرك دۇنياسىنىڭ تىلى، دىلى، دىنى بىر بولغانلىقى ئۆتمۈشتىكى بىرلىك، ھەمكارلىق مەنزىرىسىنى پات يېقىندا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ژىغى - زارىنى ئاڭلايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن».

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى رەئىس مەسلىھەتچىسى، سەنئەت ئۆمىكى باشلىقى جاكىيۋ بەكمەلتان مۇنداق دېدى: «بىز تۈركلۈك دۇنياسىنىڭ بىزگە قارشى دۈشمەنلەردىن ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساستا ئىتتىپاق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چەتئەل ئاسارىتىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك».

## خىتايدا 40 راھىب بوغۇلۇپ ئۆلدى

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ بۇ يىل 4 - ئايدىكى خەۋىرى). خىتاينىڭ شىمالىدىكى جياڭشى ئۆلكىسىدىكى بىر كۆلدە، ئىبادەتخانىغا بېرىش ئۈچۈن 36 كىشىلىك ترانسپورت كېمىگە 70 بۇددىست راھىبىنىڭ ئولتۇرۇشى سەۋەبلىك كېمە ئاغدۇرۇلۇپ 40 راھىب سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلگەن. ۋەقەنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىگەن.

## ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغانلار كۆپەيمەكتە

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ياپونىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، كانادا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىر قانچە ئورۇن ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقى رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىنگە خەت يېزىپ، ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كوستارىكا جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق باشقانى دون رودرىگو ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ كوستارىكا جۇمھۇرىيىتىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەشكىللەش تەكلىۋىنى بەردى. تەكلىپكە بىنائەن ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ مائاۋىن رەئىسى لودى گيارى كوستارىكىغا باردى.

بۇ جەرياندا، جوھن ھوجەۋارنىڭ ئەركىن ئالپتېكىنگە يازغان بىر مەكتۇبىدە، ئامېرىكىدىكى 40 نەچچە مەكتەپتە «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىل تىبەت، مۇستەقىل ئىچ موڭغۇلىستان» قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچ موڭغۇلىستان داۋاسىنى ئامېرىكىدا تېخىمۇ كەڭ جانلاندۇرۇپ، ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىغا يېقىندىن ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت.

## تىبەتلىكلەر سۇلايمان دېمىرەلگە رەھمەت مەكتۇبى سۇندى

مەركىزى ھىندىستاننىڭ دارامسالا شەھىرىدە بولغان تىبەتلىكلەرنىڭ مۇھاجىرەت ھۆكۈمىتى، بۇ يىل 2 - ئايدا ھىندىستاننى زىيارەت قىلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلگە مەكتۇپ يوللاپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا كۆرسەتكەن ئېتىبارلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، مەكتۇپتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھاجىرەتتىكى تىبەت ھۆكۈمىتى تىبەتلىكلەر نامىدىن سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئەڭ قىيىن كۈنلەردە باغرىغا ئېلىپ چوڭقۇر مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بولغان تارىخىي تەغدىرداشلىق سۈپىتىمىز بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. خىتاي ئىشغالىيىتىدە قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن تىبەت خەلقى كوممۇنىزىم زۇلۇمىنى يەككىچە تارتىۋاتىدۇ، خەلقىمىز تارىخ سەھنىسىدىن تامامەن يوق بوپ كېتىش تەھلىكىسىدە قالدى. تىنچلىقپەرۋەر تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمغا قارشى مۇستەقىللىق داۋاسىغا يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز».

## تۈزۈتۈش

(1) گېزىتىمىز 9 - سانىنىڭ 5 - بەتتىكى «ماجارلار ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر» دېگەن ماقالىنىڭ يۇقىرىدىن 5 - قۇردىكى «ماجارلار 1235 - يىلى شەرقتىن كەلگەن، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك - شۈبھە يوق» دېگەننى «ماجار تارىخچىلىرىنىڭ 1235 - يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، ماجارلارنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، بۇنىڭدا قىلچە شەك - شۈبھە يوق» دەپ تۈزۈتۈپ بىلىشىڭىزنى سورايمىز.

(2) گېزىتىمىز 9 - سانىنىڭ 5 - بەتتىكى «دۇنيا نوپۇس ئاپەتكە يۈزلەنمەكتە» دېگەن ماقالىنىڭ ئاخىرقى قۇردىكى «دۇنيا نوپۇسىغا 800 مىليون 472 مىڭ كىشى قوشۇلىدۇ» دېگەننى «دۇنيا نوپۇسىغا 8 مىليارد 472 مىليون كىشى قوشۇلىدۇ» دەپ تۈزۈتۈپ بىلىشىڭىزنى سورايمىز.

دۇنيادا ۋەتەندىن سۆيۈملۈك تۇپراق،
جاھاننى مىڭ كەزسەڭ ئەسلا تېپىلماس.
ھەر ۋىژدان ئىگىسى مەڭگۈچىن دىلىدىن،
مۇھەببەت باغلىسۇن ۋەتىنىگە خاس.

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** خىتاي يېڭى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى 1992-يىلى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن ئادەتتىكى پاسپورت بىلەن چېگرىدىن چىقىشىغا قويۇلىدىغان چەكلىمىنى كەڭ قويۇۋېتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ۋە بارلىق جۇڭگو خادىملارنىڭ ئىلگىرىكى سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىسقا ۋاقىتتا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى قارشى ئېلىنىدۇ. بۇرۇن چېگرا سىرتىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، ئابرويى ۋە مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلغان خادىملار بىلەن ئۇلارنىڭ تۇغقان يولداش، دەم ئېلىشلىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇدۇ ھەمدە ئۇلارغا قايتا چېگرىدىن كىرىش-چىقىشتا ئىختىيارىغا بېقىش، كېلىش-كېتىشكە ئامانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ».

لېكىن بۈگۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى بىر ھۆججەت ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تارىختىن بۇيان تۇراقسىز، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان سىياسىي ئالدامچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. دەرۋەقە، ئۈچ يىل ئىچىدە چەتئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلىغان، ساياھەت قىلغان ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى يېڭى ھۆججەت روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە!

شەرقىي تۈركىستان گېزىتى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنى تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق ھۆججەت ۋە سىياسەتلىرىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ قالماسلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. تۆۋەندە يېڭى ھۆججەتنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

## جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ جۇڭگو گىراژدانلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش-چىقىشتا يولغا قويۇلىدىغان چەكلىمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۇقتۇرۇشى

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بويىچە، تۆۋەندىكى 8 خىل شەرتكە توشقانلار جۇڭگو چېگرىسىدىن كىرىشمەنئىي قىلىنىدۇ.

1 - قولىدا جۇڭگو پاسپورتى تۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قوتۇراتقۇلۇق قىلغانلار.

2 - چەتئەللەردىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى سىياسىي تەشكىلاتلارغا تايانغان، ئىقتىسادىي ياردەم ئالغان، كوممۇنىست پارتىيىگە قارشى ئاكتىپ رول ئويناشقانلار.

3 - چەتئەللەردە، ئېقىپ يۈرۈپ، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، دۆلەتنىڭ قانۇن نىزاملىرىغا قارشى تەشكىلاتلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، باشلامچىلىق رول ئوينىغانلار.

4 - جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن جازاغا تارتىلغانلار.

5 - چەتئەلدىكى جۇڭگوغا قارشى سىياسىي كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ كوممۇنىزىمغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلار.

6 - خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ جازالانغان، ئاگاھلاندۇرۇلغان تۇرۇپ، چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش رولىنى ئوينىغانلار.

7 - ھياڭگاڭ مەسىلىسى ئۆتكۈنچى دەۋرگە كىرگەن، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوغا قارشى مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرغان، ئاكتىپ رول كۆرسەتكەنلەر.

8 - ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ شياڭگاڭ، ئاۋ-مېنلاردا دۆلەتنى بۆلۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقانلار.

## شەرقىي تۈركىستان مەھبۇسلار لاگېرىدىن كەلگەن خەت

يېقىندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي دىكتاتۇرىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆزگەرتىش لاگېرىدا ئۇزۇن يىل مەھبۇس قىلىنغان تۆۋەندىكى تۇرسۇننىڭ شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزىگە ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇ خېتىدە، بۇ خەتنىڭ گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنىشىنى ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تۇردى تۇرسۇن خېتىدە، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقى، مەھبۇسلار لاگېرىدىكى ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى بايان قىلغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ خېتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

«مەن 1986-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ 650 نەپەر ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىندىم. 6 ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن (بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان)، (دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققان)، (ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان) دەپ 15 يىل تۈرمىگە ھۆكۈم قىلدى. ھۆكۈمدىن كېيىن، يەركەنت تەرەپتىكى بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. مېنىڭ (جىنايىتىم) ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي مائارىپقا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان نامايىشقا قاتناشقانلىقىم بولدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى ئىچىدە، مەن تۇرغان ئۆزگەرتىش لاگېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى 29 ئۆزگەرتىش لاگېرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، خىتايلار ئۇنى (لوگەي نۇڭچاڭ) دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا 15 مىڭ مەھبۇس بار. ئەمما ھەركۈنى قولغا ئېلىنغان مەھبۇسلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە.

بۇ ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى بىۋاستە ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. لاگېردىكى مەھبۇسلار ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان. گۇندىپايلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار. ئۇلار سىياسىي مەھبۇسلارنى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ پاسكىنا ئىشلارغا سالىدۇ، خالىغانچە ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ-سوقىدۇ!

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھبۇسلار لاگېرى خىتايلارنىڭ ئىنسانلارنى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى كاردىن چىقىرىپ تاشلاشتا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى! مەن بىلەن 12 ئادەم بىر كامېردا ياتىمىز، بۇ كامېردا يېتىپ-قوپۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، تارەت ئىشلىرى ناھايىتى چوڭ بىر مەسىلە، تارەتكە چىقىش ئۈچۈن گۇندىپايلاردىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك. ئۇلار ئاسانلىقچە رۇخسەت بەرمەيدۇ، رۇخسەت بەرگەندىمۇ بىرمۇنچە تىل-ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، دۇمبالاپ ئاندىن ئۆزى ھاجەتخانىغا ئاپىرىدۇ. تاماقلىرىمىز ناھايىتى ناچار، ئايلارچە گۆش كۆرمەيمىز. ھەرجەھەتتىكى تارتقۇلۇقلار تۈپەيلىدىن 3 ئادەمدىن بىرسى كېسەل بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى.

ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ مۇددىتى توشقاندا ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇلارنى (يېڭى ھايات باشلىغانلار) دېگەن مەۋقە بىلەن لاگېر (زاۋۇت) نىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا سالىدۇ. مۇددىتى توشقان ئۇيغۇرلار تۈرمىدىن چىقىش ئۈچۈن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى جاينىڭ پارتىيە كومىتېتىغا ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتىش لاگېرىدا ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ، تۆۋە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ بولىدۇ دېگەن تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك. لېكىن، پارتىيە كومىتېتى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى خالىمايدۇ ھەمدە قوبۇل كۆرمەيدۇ. مانا بۇ باھانە بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرىدۇ. مۇددىتى توشقان خىتايلارنى بولسا ئۆز يۇرتىغا - خىتاي ئۆلكىسىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى

داۋامى 11 - بەتتە

گېزىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەزكۇر سانىدىكى شۇ خەۋەرلەر «يوق خەۋەر»، «بولمىغان ۋەقە» ۋە شەرقىي تۈركىستان گېزىتى «توقۇغان خەۋەر» مىش. بىز بۇندىن كەپ سۆزلەرنى تارقاتقۇچىلارغا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جىددىي سىياسىي ۋەزىيىتىدىن، مۇھاجىرەتتىكى مۇجادىلىدىن، مىللىتىمىزنىڭ ئوي - پىكىرىدىن خەۋەردار بولۇشتا، ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ ئوي - خىيالى بويىچە پىكىر قىلىپ، ئۆزى ئىككىلەنگەن ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بايقاپ ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خاتا پىكىردە بولغۇچىلارنىڭ پىكىرىنى تۈزىتىپ ئېلىشىغا ياردىمى بولۇدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، گېزىتىمىزنىڭ 7 - سانىدا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «سادا» ناملىق ئايلىق ژورنالىنىڭ 1994 - يىل 11 - ئايلىق سانىدىكى «شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە يەنە توپىلاڭ يۈز بەردى» دېگەن ماقالىسىنى ئۆز پېتىچە دىققەتلىرىڭلارغا سۇندۇق.

爭鳴 CHENG MING

# 新疆多市再現暴亂

九月下旬以來，新疆地區發生了多起動亂、騷亂和叛亂事件，其中以烏魯木齊、伊寧、喀什、克拉瑪依、阿克蘇等市的情況最爲嚴重。十月三日，中央派出以浩家寶爲組長，劉精松、司馬義·艾買提爲副組長，王恩茂爲顧問的工作組，全權處理新疆的動亂。



旅遊公幹 地點適中 (香港)向榮賓館 最佳選擇 安全寧靜 賓至如歸

## شەرقىي تۈركىستان مەھبۇسلار لاگېرىدىن كەلگەن خەت

بېشى 10 - بەتتە

ھېچقانداق يەرنىڭ تەستىقىنى ئالماستىنلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتمەكتە. خىتاي دېگەن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى يۆتكەپ ئەكىلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

خىتاي يېنىدىكى ساقچى ئورگانلىرى ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا ئىنسان ھەقلىرىگە ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلماقتا. ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىمكانىيىتى، دەردىنى ئاڭلايدىغان يېرى يوق. مەن خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، مەھبۇسلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق، ئۇلارغا نورمال تۇرمۇشنى ساقلاش ھوقۇقى بېرىش، تاماق قىلىنىش، كىيىنىش، تۇرالغۇ جاي، تۇرمۇش لازىمەتلىرى قاتارلىق ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە سالامەتلىكىنى ئاسراش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش جەھەتتە تەكلىپتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

## گېزىتىمىز توغرىسىدىكى بەزى قاراشلارغا ئىزاھات

ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشى بىلەن چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ قالدى. خۇددى خەلقىمىز ئېيتقاندەك: «گېزىت سەھىپىلىرىدە يورۇق كۆرگەن بارلىق ماتېرىياللار، خەۋەرلەر خەلقىنىڭ دىلىدىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن چىقىۋاتىدۇ، خەلق ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ۋەتەنگە مۇھەببەت، مىللەتكە تەۋەدىرىكە، ھالىغا ئېچىنىش، قايغۇرۇش بىلەن دۈشمەنگە نىسبەتەن نەپرەت غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلماقتا، ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكىگە ئۈمىد ئۇيغاتماقتا، ئادەملەر گېزىتنى ئىزلەپ يۈرۈۋاتىدۇ....» (XXX مۇجاھىدنىڭ 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گېزىتىمىزگە يازغان خېتىدىن ئۆزگەرتمەي ئېلىندى). ۋاھالەنكى، گېزىتىمىزنىڭ تۈپ مەقسىدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى بىلەن بارلىق مۇجاھىدلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتتە: بىر تەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئەھۋالىدىن، خەلقىمىزنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىدىن شۇنىڭدەك كوممۇنىستلارنىڭ قوللانغان سىياسىي ۋە دىكتاتۇرا تەدبىرلىرىدىن سىرتتىكى دۇنيانى خەۋەردار قىلىپ تۇردۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەركىن دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقى، قوللىشىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ، خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ئىلھام بېرىدىغان، مەدەت بېرىدىغان ماقالە، خەۋەرلەرنى بېرىۋاتىمىز. بۇ گېزىت دۈشمەننىڭ كۈچلەرنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن، ھەرخىل يوللار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا كەڭ تارقالدى.

بىز ھەقىقەتكە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، خاتا، يالغان ۋە ئۇيدۇرما خەۋەرلەرنى گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىشتىن قاتتىق ساقلاندۇق. بولۇپمۇ كىشىلەردە گېزىتىمىزدە بېرىلگەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە ھەقلەر، تەرجىمە خەۋەرلەرگە نىسبەتەن خاتا تونۇش پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، باش تارتسا بولمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. بىز گېزىتىمىزگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى، خەۋەر ئېلان قىلىش ۋە ھەر سان گېزىتنى چىقىرىۋېلىشنىلا كۆزلەپ، ئىجتىمائىي تەسىرى بىلەن كارى بولماسلىقنى يا قىلمايمىز؛ شۇنىڭدەك يېرىم ياتا خەۋەرلەرنى ئاڭلىۋېلىپلا، راس - يالغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپلا يېزىۋېلىش بىلەن كەلمەس خەۋەر قىلىپ يېزىشنىمۇ يا قىلمايمىز؛ يالغان خەۋەر توقۇپ چىقىشقا، ئۆزگەرتىشكە، خاتا خەۋەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا تېخىمۇ قارشى تۇرىمىز. خەلقىمىزنىڭ ياخشى پىكىر، تەنقىد، تۈزىتىشلىرىنى سەمىمىيەت بىلەن قوبۇل قىلىمىز ھەمدە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىسمىنى ئاشكارىلىماي مەخپىي تىلىكىنى قەتئىي ساقلايمىز.

دەرۋەقە، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر گېزىتىمىزنىڭ 7 - سانىدا ئېلان قىلىنغان چوڭ ماۋزۇلۇق خەۋەر «شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا يېڭى يۈزلىنىشلەر» ھەققىدە بەزى خاتا گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىپ،

## ئەربىستاندا بىر كۈن ئىچىدە 8 ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى

(تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى خەۋىرى). يېقىندا سەئۇدى ئەربىستانغا سىرتتىن كېلىپ، زەھەرلىك ھوشسىزلاندۇرغۇچى بۇيۇملارنى ئېلىپ يۈرگەن 8 چەتئەللىكنىڭ كاللىسى قىلىچ بىلەن كېسىپ تاشلاندى.

بۇ 8 ئادەمنىڭ بەشى پاكىستانلىق، قالغان ئۈچىسى ئافغانىستان، يەمەن، چادتىن كەلگەنلەر. ئۇلار ھوشسىزلاندۇرغۇچى بۇيۇملارنى قورساق ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئەربىستانغا كەلگەن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى.

# ئۇيغۇرلار ئاتىسى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىنگە

## ۋەتەندىن خىتاپ

سەن بۈيۈك بىر ئىنسان تۇغۇلدىڭ پەقەت،
تۇغۇلدىڭ ئۇيغۇرنىڭ بەختى ئۈچۈنلا.
يىغلىغان ئىدىڭمەن ئانا رەھمىدە،
كۈلمىدىڭ يىغلىدىڭ بىر ئەسىر ئەسلا.

سەن بۈيۈك بىر ئىنسان تىلەيسەن جەننەت،
نەجەننەت، ۋەتەن ئۇۋەراسمۇ؟ ئېيتقىنا!
بىقارار ئاشىقسەن ئاشۇ جەننەتكە،
كۆرەشتىڭ، يىغلىدىڭ شۇنىڭ ئۈچۈنلا.

سەن بۈيۈك بىر ئىنسان سەندە ھەقىقەت،
غەلىبە ھەم سەندە، مەدەتكار ئاللاھ.
ئىنقىلاپ مەشئىلىڭ نۇر چاچتى ئەنە!
زاۋالغا يۈزلەندى رەقىپلەر داغدا.

سەن بۈيۈك بىر ئىنسان ياشايسەن ئەبەت،
بولدى بەس، ياش تۆكمە تاتلىق كۈلگىنا!
چۈنكى بىز ئۈگەندۇق كۆرەش مارشىنى،
ئۈگەتتىڭ سەن پەقەت بارچە ئۇيغۇرغا.

ئەي جۈرئەتلىك ئىنسان سەن ھەقىقى كۆرەشچى پەلۋانسەن، سەن ئۇيغۇرلار ئىنقىلاۋىنىڭ يېتەكچىسەن، سېنىڭ نامىڭنى خەلقىڭ بىر كۈنمۇ ئۇنۇتقىنى يوق.

دۈشمەنلەر نامىڭنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چارە - تەدبىر قوللانغىنىرى، خەلقىڭ ئۇنى قوغدىدى ۋە ئىزلىرىڭنى ئۈگەندى.

مەن ئاشۇ خەلقىڭ ئىچىدىكى بىر پەرزەندىڭمەن، سەبىيلىك چېغىمدىلا سېنىڭ نامىڭنى يادلىدىم - ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، مەسئۇت سابىر قاتارلىق بۈگۈزەل ناملارى ياش چېغىمدىلا ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشۇ ناملارنى توپتوغرا 25 يىل ئۈگەندىم، ياق، مەن ئەمەس! پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈگەندى.

بىز سېنىڭ ئىزىڭ بىلەن ماڭدۇق، سەن ئەجدادلارنىڭ ئىزى بىلەن ماڭدىڭ، شۇنداق ئۇئەجدادلارنىڭ ئىزى، ئۇيغۇرخەلقىنىڭ تەبىئي تەقەززاسى.

ئەي قەدىرلىك ئىنسان، سەن قايغۇرمىغىن، ئەمدى سەن كۆرەش سېپىدە ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەسسەن. چۈنكى بۇسەپكە بىز قوشۇلدۇق، تۈمەنلىگەن، مىليونلىغان ئەۋلادلىرىڭ قوشۇلدى.

بىز ئويغاندۇق، 35 مىليون ئۇيغۇر تۈركلىرى ئويغاندى!

21 - ئەسىر تۈركلەر ئەسرى! بىز ئاشۇ مۇقەددەس ئەسىر ئۈچۈن يول سېلىۋاتىمىز. دۈشمەنلەر ئۈچۈن، زالىملار ئۈچۈن لەھەت قېزىۋاتىمىز!

ئەي شەرەپلىك ئىنسان، سەن يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغىن، ساڭا بىز ھەمرادۇرمىز مەڭگۈگە!

مەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن جۈملىدىن ئۇيغۇرخەلقى نامىدىن ساڭا چەكسىز سالام يوللايمەن، سېنىڭ خىزمىتىڭگە تەييار بىز.



قىزىم بىلەن نەۋرەمگە قالدۇرغىدەك بۇيۇم مايكىدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوقكەن....

# خائىن

مانناپ قاسىم

خائىننىڭ دەستىدىن ئىڭرايدۇ ۋەتەن،
خائىننىڭ دەستىدىن ژىغلايدۇ مىللەت،!
خائىننىڭ دەستىدىن تىترەيدۇ بۈتەن،
خائىنلار ۋەتەنگە ئاپەت ۋە ئىللەت.!

خائىننىڭ بويىندا تۇمارى يوق،
كۆز بىلەن كۆرۈپ بولماس، قول بىلەن تۇتۇپ.
ساتقىسا خائىننىڭ كۆڭلى ھېچ تىنماس،
ئۆزىنى بەرمىگەن دۈشمەنگە تۇتۇپ.

كىم خائىن؟ بىلمەيمىز، يوقتۇر بەلگىسى،
ئالدانغان، ياسىتىلغان بىلمەس ھېچ كىشى.
(مەزگىلسىز ھېچكىمنىڭ كەلمەس ئۆلگىسى)،
ياشىماق، كۈن كۆرمەك ھەركىمنىڭ ئىشى.

بۇدۇنيا خائىنغا «ئىززەت» كۆرۈنۇر،
شان - شۆھرەت، ئابرۇي «لەززەت» كۆرۈنۇر.
مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ «غەم، تەشۋىشلىرى»،
«پاراغەت» ئالدىدا بەك «سەت» كۆرۈنۇر.

جان تاتلىق، «قىينالماي ياشىماق» كېرەك،
«خاتىرجەم ياخشى يەپ - ئاشىماق» كېرەك.
«پايدىسىز غەملەرنى» تاشلىماق كېرەك،
خائىنغا ياشىماق «گۈزەل» كۆرۈنۇر.

بىر سەپداش ھەپسىدە ياتار قىينىلىپ،
تەنلىرى تاياقتىن كەتكەن يېرىلىپ.
نىمە ئىش؟ ئۇ بىلمەس، خائىن ئۆزىچە -
«ساۋاپ ئىش قىلدىم» دەپ يۈرەر كېرىلىپ.

نادانسەن، قويدىن يۇۋاشسەن خەلقىم،
دىلىڭدا كىرىك يوق «گۇمان» توختىماس.
كىم سېنى ئالداپ، يېتەكلەپ ماڭسا،
ئالدانغان كۆڭلۈڭدە «تۇمان» توختىماس.

ئاگاھ بول مىللىتىم، كەينىڭدە خائىن،
جەڭگىۋار سېپىڭدە، قوينۇڭدا خائىن.
پۈتۈكىنىڭ تىگىدە، ئالدىڭدا خائىن،
«تۇمار» دەپ ئېسىلغان بوينۇڭدا خائىن.

«سىياسەت»، «قانۇن» دىن پەتىۋا تېپىپ،
تۇتاشقان ئوتلارغا سالقىن سۇ سېپىپ،
ۋۇسلانغان قەددىڭنىڭ بېلىگە تېپىپ،
ئالامان، توپلارنى ھۈركۈتكەن خائىن.

شارائىتنىڭ كەينىدە مەس بولۇپ كېتىپ،
قىرىق يىل بەخرامان ئۇخلاپ يېتىپ.
چۈش كۆرۈپ، ئۈندەرەپ، ئويغىنىپ،
دوستلارنى «دۈشمەن» دەپ كۈشكۈرتكەن خائىن.

ۋىژدانىنى مەنسەپكە، ئابرۇيغا سېتىپ،
جاللاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يېتىپ،
ھەق ۋە ناھەقنى قوشۇپ ۋە چېيتىپ،
ئاغزىدا سېۋۇستوك ئۇشقۇرتقان خائىن.

ئېلىڭنىڭ قوينىغا تويمىغان خائىن،
«ژىغلىشىپ چېلىشقا تويمىغان» خائىن،
«ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدە تۇرۇپ»،
«ئۈگەنگەن ئادەت»نى قويمىغان خائىن.

ساقىسەن كەلتۈرگىن پىيالەڭنى تېز،
خائىنلار زاۋالغا قۇي، ئىچەي شاراپ.
ۋەتەننىڭ دەردىگە كىم بېرۇرجاۋاپ؟
خائىنلار دەستىدىن مىللىتىم خاراپ.

گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپ تېكىن
باش مۇھەررىر: شاخەلىل بوزقۇرت
گېزىتىنىڭ تۈركىيە ئىستانبولدىكى
ئادرېسى:

Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Genel Yayın Koordinatörü
Ş. HALİL BOZKURT
Gazete Adresi:

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir. Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez. İsim zikredilmeden iktibas edilemez